سەلتەنەتلىك 70 يىل كۆرەشچان يېڭى دەۋر
مۇخبىرلار ئۇزۇن سەپەر يولىدا قايتا مېڭىش

# قىزىل بايراق تىڭجياڭ دەرياسىدىن ئۆتتى

## ـــ فۇجيەن چاڭتىڭ ناھىيەسىنىڭ شۈيكوۋ كەنتىدىكى قىزىل ئارمىيە كېچىكىنىڭ تارىخىي ئىزىنى قېزىپ زىيارەت قىلىش

□شىنخۇا ئاگېنتلىقى مۇخبىرلىرى لى سۈك، مېي چاڭۋېي، ليۇ فېي، ليۇ يۈجيا

تۇتاش تاغلار، ئۇزۇنغا سوزۇلغان دەريا ـ ئېقىنلار...

شىنخۇا ئاگېنتلىقى مۇخبىرلىرى ئۇزۇن سەپەر يولىدا قايتا مېڭىپ، قىزىل 4 ـ ئارمىيە ئىككىنچى قېتىم فۇجيەنگە كىرىپ تىڭجياڭ دەرياسىنى توغرىسىغا كېسىپ ئۆتكەن كېچىك ـــ فۇجيەن ئۆلكىسىنىڭ چاڭتىڭ ناھىيەسى جوتيەن بازىرى شۈيكوۋ كەنتىدىكى قىزىل ئارمىيە كېچىكىنىڭ ئەسلىي ئورنىنى قېزىپ زىيارەت قىلدى.

شۈيكوۋ كەنتىدىن ئۆتكەندە، مۇخبىرلار كېچىك پەلەمپىيىنىڭ ئوڭ تەرىپىدە قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان بىر قورام تاشنىڭ ئۈستىگە «قىزىل ئارمىيە كېچىكى» دېگەن قىپقىزىل خەتلەرنىڭ ئېنىق ئويۇلغانلىقىنى كۆردى.

ھازىرغىچە، قىزىل ئارمىيەنىڭ شۈيكوۋدا دەريادىن ئۆتكەنلىك ھېكايىسى يەرلىك كىشىلەرنىڭ ئارىسىدا ئېغىزدىن ئېغىزغا تارقىلىپ يۈرمەكتە.

«1929 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى چۈشتىن كېيىن، قىزىل 4 ـ ئارمىيەنىڭ تەخمىنەن بىر لىيەن ئاۋانگارت قوشۇنى بىر كۈن بۇرۇن شۈيكوۋغا يېتىپ كەلگەن» دېدى چاڭتىڭ ناھىيەسى كونا رايون قۇرۇلۇشنى ئىلگىرى سۈرۈش جەمئىيىتىنىڭ ئىجرائىيە باش كاتىپى، قوشۇمچە كونا رايون روھىي تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ جەمئىيەت باشلىقى ۋاڭ جيەن. ئۇ ھەقىقىي چاڭتىڭلىق، ئۇزاقتىن بۇيان سابىق مەركىزىي سوۋېت رايونىنىڭ ئاغزاكى تارىخىنى قۇتقۇزۇش، قېزىش خىزمىتىگە كۆچ چىقىرىپ، قىزىل ئارمىيەنىڭ كېچىكتىن ئۆتكەن ئاشۇ تارىخىنى خېلى تەتقىق قىلغان.

«ئىككىنچى كۈنى، قىزىل ئارمىيەنىڭ چوڭ قوشۇنى ئارقا ـ ئارقىدىن شۈيكوۋغا كېلىپ، شۈيكوۋدىكى مىشىڭبا، پىڭلىڭدىكى كەڭ چىملىققا تارقىلىپ ئورۇنلاشقان، يەنە بەزىلىرى شۈيكوۋنىڭ ئەتراپىدىكى كەنتلەرگە ئورۇنلاشقان.» ۋاڭ جيەن مۇنداق دېدى: «ئاۋانگارت قوشۇن ئىشتىن ئاۋۋال ھەربىر ئائىلىنىڭ ئىشىك تېمىغا بەلگە سىلىپ قويغان، ھەرقايسى شۆبە ئەترەتتىكى قىزىل ئارمىيە بەلگە بويىچە بەلگىلەنگەن نۇقتىدا غىزالانغان، ئىنتايىن تەرتىپلىك بولغان».

ۋاڭ جيەننىڭ تونۇشتۇرۇشىچە، كېچىك ئەتراپىدىكى بىر قانچە دورا دۇكىنى قىزىل ئارمىيە كېلىشتىن ئىلگىرى دۇكانىنى تاقاپ كېتىپ قالغان.

پەقەت شۈيكوۋ پىرىستانىدا خېڭدېتاڭ دورىخانىسىنى ئاچقان خېڭدېتاڭنىڭ خوجايىنى قىزىل ئارمىيەنى بىر قەدەر چۈشىنىدىغان بولغاچقا، دۇكىنى ئىزچىل ئېچىپ تىجارەت قىلىشقا جۈرئەت قىلغان.

خېڭدېتاڭنىڭ خوجايىنىنىڭ ئەۋلادلىرى ۋاڭ جيەنگە مۇنداق بىر ئىشنى سۆزلەپ بەرگەن:

قىزىل ئارمىيە ئېھتىياجلىق دورىلارنىڭ مىقدارى كۆپ، دورا سېتىۋېلىش باھاسىمۇ ناھايىتى ئەمەلىي بولغان. قىزىل ئارمىيەنىڭ چوڭ قوشۇنى دەريادىن ئۆتكەندىن كېيىن، يەنە ئادەم قالدۇرۇپ قەرز قايتۇرۇش، نەرسە قايتۇرۇشقا مەسئۇل قىلغان. خېڭدېتاڭنىڭ قىزىل ئارمىيەنىڭ جىددىي لازىملىق دورىلارنى ياسىشىغا پائال ماسلاشقانلىقىغا رەھمەت ئېيتىش يۈزىسىدىن، بىر قىزىل ئارمىيە كادىرى يەنە خېڭدېتاڭغا بىر يۇرۇش كۆك گۈللۈك چىنە ـ چەينەك سوۋغا قىلغان.

«قىزىل ئارمىيە دەريادىن ئۆتكىچە كۆپ مۈشكۈلاتقا ئۇچرىغان.» ۋاڭ جيەن مۇنداق دېدى: قىزىل ئارمىيەنىڭ ئاۋانگارت قوشۇنى شۈيكوۋغا كەلگەن ۋاقىت دەل كەلكۈن مەزگىلى بولۇپ، سۇ ئورنى ناھايىتى ئېگىز ئىدى، كۆۋرۈك يوق ئىدى، قىزىل ئارمىيە كېچىكتىن ئۆتكەندە جەزمەن ياغاچ كېمە بىلەن ئۆتۈشى كېرەك ئىدى. ھالبۇكى، ئەتراپتا بىرەر كېمە تۈگۈل بىرەر پالاقمۇ كۆرۈنمەيتتى.

ئەسلىدە، كېمىچىلەر قوشۇننىڭ كېلىدىغانلىقىنى ئاڭلاپ، دەماللىققا قانداق ئارمىيە ئىكەنلىكىنى بىلەلمەي، ئادەم ۋە كېمىنىڭ تۇتۇپ قېلىنىشىدىن قورقۇپ، كېمىنى كېچىكتىن يىراق دەريا ساھىلىغا ئاپىرىپ يوشۇرۇپ قويغان، ئادەملىرىمۇ يوشۇرۇنۇۋالغان ئىكەن.

قىزىل ئارمىيە نۇرغۇن ئادەم ئەۋەتىپ، ھەممىلا يەردە كېمە ئىزدىگەن، ئاخىرىدا يېقىن ئەتراپتىكى لەنفاڭ كەنتىدە چوڭ بىر ياغاچ كېمىنى بايقىغان. كۆپ تەرەپتىن سۈرۈشتۈرۈپ ئاندىن كېمە ئىگىسىنى تاپقان، ئۇچىسىغا كۆل رەڭ ھەربىي فورما، پۇتىغا چىغ چورۇق كىيگەن قىزىل ئارمىيە جەڭچىلىرىنىڭ ھەممىسىنىڭ يوقسۇللار ئىكەنلىكىنى، يەنە كېلىپ پوزىتسىيەسىنىڭ مۇلايىم، سۆزىنىڭ سەممىي ئىكەنلىكىنى ئۇققاندىن كېيىن، كېمە ئىگىسىنىڭ ئەندىشىسى ناھايىتى تېزلا يوقىغان.

شۇ يەردىكى يەر ئاستى پارتىيە تەشكىلاتى ۋە ئاممىنىڭ ياردىمىدە، قىزىل ئارمىيە جەڭچىلىرى توققۇز ياغاچ كېمە، 18 كېمىچىنى تاپقان، ئۇلار كېمىچىلەرگە مۇنداق دېگەن: «سىلەرنى ئاۋارە قىلىدىغان بولدۇق، كېمىنى ھەيدەپ بىزنى دەريادىن ئۆتكۈزۈپ قويساڭلار، ئىش ھەققىڭلارنى بېرىمىز.» كېمىچىلەر بىر ئىشىنىپ، بىر ئىشەنمەي، كېمىنى شۈيكوۋ پىرىستانىغا قايتۇرۇپ كەلگەن.

شۇنىڭ بىلەن، قىزىل ئارمىيەنىڭ ئاۋانگارت قوشۇنى كېچىك كېمىسىگە ئولتۇرۇپ دەريادىن ئۆتۈپ، دەريانىڭ شەرقىدىكى ئاساسلىق ئېگىزلىكنى كونترول قىلغان.

«5 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى چۈشتىن بۇرۇن سائەت 9 ئەتراپىدا، قىزىل 4 ـ ئارمىيەنىڭ چوڭ قوشۇنى سىدۇ ئارقىلىق جوتيەندىن ئۆتۈپ شۈيكوۋغا يېتىپ كېلىپ، دەريادىن ئۆتۈشكە تەييارلانغان، بىراق قىزىل ئارمىيەنىڭ كەينىدىن قوغلاپ كەلگەن جياڭشىدىكى دۈشمەن لى ۋېنبىن قىسمىنىڭ قىزىل ئارمىيە بىلەن بولغان ئارىلىقى بىر كۈنلۈك مۇساپىگىمۇ يەتمەيتتى. ئويلىمىغان يەردىن، قىسىم ئەمدىلا كېچىك پىرىستانىغا يېتىپ كېلىشىگە، تۇيۇقسىز قارا يامغۇر يېغىپ، دەريا سۈيى شىددەت بىلەن ئۆرلەپ، 150 مېتىر كەڭلىكتىكى تىڭجياڭ دەرياسىنىڭ سۈيى شىددەت بىلەن ئۆركەشلەپ ئاققان» دېدى ۋاڭ جيەن.

دەريادىن ئۆتەيلى، دەريادىن ئۆتەيلى! ۋەزىيەت قىستاپ قالدى!

«ئادەتتىكى چاغلاردا دەريادىن ئۆتۈشتە بىر ئادەم، بىر كېمە خادىسى بولسىلا كۇپايە قىلاتتىكەن، شۇ كۈنى دەريادىن ئۆتكەندە ھەربىر كېمىگە ئىككى ـ ئۈچتىن كېمىچى ئورۇنلاشتۇرۇلغان، ھەتتا پالاقمۇ ئىشلىتىلگەن.» ۋاڭ جيەن چۈشەندۈرۈپ مۇنداق دېدى: «پالاق بىلەن كېمە ھەيدىگەندە كېمە ئۇلۇغ سۇدا ئاسان قىيسىپ كېتىدۇ، قارشى قىرغاققا ئۇدۇل بارغىلى بولىدۇ».

«شۇ كۈنى چۈشتىن بۇرۇن سائەت 10دىن تاكى چۈشتىن كېيىن سائەت 4كىچە، توققۇز ياغاچ كېمە توختىماي دەريادىن ئۆتكۈزگەن.» ۋاڭ جيەن مۇنداق دېدى: «ئالتە سائەتتە قىزىل ئارمىيەنىڭ 3000دىن ئارتۇق ئادىمىنىڭ ھەممىسى تىڭجياڭ دەرياسىدىن ئوڭۇشلۇق ئۆتۈپ، دۈشمەننى تەلتۆكۈس ئارقىدا قالدۇرغان. قىزىل ئارمىيە ھەربىر كېمىچىگە بىردىن كۈمۈش تەڭگە تارقاتقان».

بەزى كېمىچىلەر قىزىل ئارمىيەنىڭ سودا ـ سېتىقتا ئادىللىقىنى، پۇقرالارغا كۆيۈنىدىغانلىقىنى كۆرۈپ، ئاندىن بۇنىڭ يوقسۇل خەلق ئۈچۈن ھاكىمىيەت ئالىدىغان قوشۇن ئىكەنلىكىنى چۈشەنگەن، قىزىل ئارمىيەنى دەريادىن ئۆتكۈزۈپ قويغاندىن كېيىن، شۇ كۈنىلا ئۆيىگە قايتىپ تۇغقانلىرى بىلەن خوشلاشقان ھەم بىر كەنتتىكى ھەمراھلىرى بىلەن دېيىشىپ بىرلىكتە قىزىل ئارمىيەگە قاتناشقان.

قىزىل ئارمىيە قوشۇنى توپلاپ دەريادىن ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇدۇل غەربىي فۇجيەننىڭ مەركىزىي رايونىغا كىرىپ، بىرلا ھۇجۇم بىلەن لۇڭيەن، شاڭخاڭنى ئىشغال قىلىپ، يەرلىك زومىگەرلەرگە زەربە بېرىپ، يەر تەقسىم قىلىپ، يەرلىك قىزىل قوغدىغۇچىلار ئەترىتىنى كېڭەيتىپ، غەربىي فۇجيەن ئىنقىلابىي تايانچ بازىسىنى قۇرغان.

شۇ يىلى كۈزدە، ماۋ زېدۇڭ «ئۆتتى تىڭجياڭدىن قىزىل تۇغلار ئۇچۇپ ـ پەرۋاز قىلىپ، شۇ پېتى لۇڭيەنگە ھەم شاڭخاڭغا تىكلەندى بېرىپ. ئىلكىمىزگە ئۆتتى بۇ ئالتۇن تاۋاننىڭ پارچىسى، يەر بۆلۈشكە كىرىشىپ كەتتۇق شۇئان ئوتتەك يېنىپ» دېگەن مەردانە شېئىرنى يازغان.

**(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، فۇجوۋ، 6 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى تېلېگراممىسى)**

مىللەتنىڭ گۈللىنىشى ئۈچۈن . قەھرىمانلار، قۇربانلار شەجەرىسى

# «ئەڭ سۆيۈملۈك كىشى» چيۇ شىچىڭ: خەۋپ ـ خەتەر ئالدىدا بۇيرۇقنى قوبۇل قىلىش باتۇرلۇق بىلەن ھاياتنى تەقدىم قىلىش


چيۇ شىچىڭنىڭ سۈرىتى.
□شىنخۇا ئاگېنتلىقى تارقاتقان

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، نەنچاڭ، 6 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى تېلېگراممىسى** (مۇخبىر لىن خاۋ) يازغۇچى ۋېي ۋېي ئۆزىنىڭ «ئەڭ سۆيۈملۈك كىشى كىملەر» دېگەن ئەسىرىدە چيۇ شىچىڭ ئوبرازىنى تەسۋىرلىگەن. — يازنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىكى شىنياڭ، قارىغاي، يېشىل ئارچا بىلەن قاپلانغان ئامېرىكىغا قارشى تۇرۇپ چاۋشيەنگە ياردەم بېرىش ئىنقىلابىي قۇربانلار قەبرىستانلىقى ھەيۋەتلىك، سۈرلۈك ئىدى. پەلەمپەيدىن چىققاندا، گرانىت تاشتىن قوپۇرۇلغان 23 مېتىر ئېگىزلىكتىكى خاتىرە مۇنارى قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى، مۇنارغا «ئامېرىكىغا قارشى تۇرۇپ چاۋشيەنگە ياردەم بەرگەن ئىنقىلابىي قۇربانلارنىڭ روھى مەڭگۈ ھايات» دېگەن خەتلەر ئويۇلغان بولۇپ، كىشىنىڭ ھۆرمىتىنى قوزغايتتى. چيۇ شىچىڭ شۇلارنىڭ بىرى.

چيۇ شىچىڭ 1913 ـ يىلى جياڭشى ئۆلكىسىنىڭ رۈيجىن ناھىيە بازىرى شۈيبېي كوچىسىدا تۇغۇلغان، باللىق دەۋرىدە ئائىلىسى نامرات بولۇپ، پۈتۈن ئائىلىدىكىلەر تۇرمۇشنى پەقەت ئانىسىنىڭ يىڭنە ئىشىغا تايىنىپلا قامدايتتى. چيۇ شىچىڭ باشلانغۇچ مەكتەپتە ئىككى يېرىم يىل ئوقۇپلا، نەۋرە تاغىسىغا ئەگىشىپ ئۇششاق تىجارەتچى بولغان، كېيىن يەنە سارايدا يۈگۈر ـ يېتىم ئىشلارنى قىلغان.

1934 ـ يىلى 8 ـ ئايدا، چيۇ شىچىڭ يۇرتى رۈيجىندا قىزىل ئارمىيەگە قاتنىشىپ، تولۇقلىما تۇەنگە تەقسىملىنىپ جەڭچى بولغان. 1936 ـ يىلىنىڭ بېشىدا تەشكىل ئۇنى تەلىم ـ تەربىيە ئەترىتىگە ئوقۇشقا ئەۋەتكەن. ئۇ جاپاغا چىداپ تىرىشىپ، ئىجتىھات بىلەن بىرىلىپ ئۆگەنگەن، ھەرقايسى جەھەتلەردىكى ئىپادىسى ئىنتايىن مۇنەۋۋەر بولغان، ناھايىتى تېزلا كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى تەشكىلاتىغا كىرگەن، شۇ يىلى 6 ـ ئايدا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىگە كىرگەن، قىزىل ئارمىيەدە بەنجاڭ، پەيجاڭ، ليەن يېتەكچىسى بولغان.

ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش مەزگىلىدە، چيۇ شىچىڭ 8 ـ ئارمىيە 115 ـ شىسىنىڭ سەنشى ـ شەندۇڭ ـ خېنەن تارماق ئەترىتىدە ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ مۇئاۋىن ليەنجاڭ، يېتەكچى، يىڭنىڭ خاس ۋەكىلى بولغان، كېيىن قىسمىغا ئەگىشىپ خۇەيبېيغا بېرىپ، يېڭى 4 ـ ئارمىيە 3 ـ شىسى 10 ـ لۈيدە قوشۇمچە خۇەيخەي شۆبە ھەربىي رايونى مۇستەقىل تۇەنى سىياسىي باشقارمىسىنىڭ مۇدىرى، مۇئاۋىن سىياسىي كومىسسارى، 10 ـ لۈي تەمىنات بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن سىياسىي كومىسسارى، سىياسىي كومىسسارى بولغان.

ئازادلىق ئۇرۇشى مەزگىلىدە، چيۇ شىچىڭ شەرقىي شىمال دالا ئارمىيەسى 2 ـ زوڭدۈي 5 ـ شى سەھىيە بۆلۈمىنىڭ سىياسىي كومىسسارى بولغان. كۆپ قېتىملىق ئۇرۇش ۋە ئۇزاق مۇددەتلىك جاپالىق تۇرمۇش تۈپەيلىدىن، چيۇ شىچىڭ ئېغىر ئاشقازان كېسىلىگە گىرىپتار بولغان، ئاغرىقى قوزغالغاندا دائىم تاماق يېيەلمىگەن، لېكىن ئۇ باشتىن ـ ئاخىر خىزمەتنى مۇھىم بىلىپ، دەم ئېلىشقا ۋاقىت چىقىرالمىغان.

1950 ـ يىلى 10 ـ ئايدا، ئەينى چاغدا 39 ـ جۈن ئارقا سەپ بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن سىياسىي كومىسسارى بولغان چيۇ شىچىڭ قىسمىغا ئەگىشىپ چاۋشيەنگە بېرىپ، ئامېرىكىغا قارشى تۇرۇپ چاۋشيەنگە ياردەم بېرىش، يۇرت ـ ماكانىنى، ۋەتەننى قوغداش سەپىرىگە ئاتلانغان، ئۇ ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ بىرىنچى قېتىملىقتىن ئۈچىنچى قېتىملىقچە بولغان جەڭگە قاتناشقان. چاۋشيەن جەڭ مەيدانىدىكى ئەڭ چوڭ قىيىن مەسىلە دەل ئارقا سەپ تەمىناتىغا كاپالەتلىك قىلىش بولۇپ، ۋەزىپە مۈشكۈل، ئېغىر ئىدى. ئارقا سەپ بۆلۈمىنىڭ رەھبىرى بولۇش سۈپىتى بىلەن، چيۇ شىچىڭ تېنىنىڭ ئاجىزلىقىغا قارىماي، كېچە ـ كۈندۈز خىزمەت قىلىپ، چوڭ ـ كىچىك ھەممە ئىشقا ئۆزى باش قاتۇرۇپ، ئارقا سەپ خادىملىرىنى باشلاپ ماددىي ئەشيا توشۇش، يارىدارلارنى يۆتكەپ توشۇش، ئوق ـ دورا بىلەن تەمىنلەش قاتارلىق خىزمەتلەرنى ئەستايىدىل ياخشى ئىشلەپ، قىسمىنىڭ ئۇرۇش قىلىشتىكى ئاساسىي ئېھتىياجىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلغان. ئۈچىنچى قېتىملىق جەڭ ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، تېنى ئىنتايىن ئاجىزلاپ كەتكەن چيۇ شىچىڭ دۆلەت ئىچىدە داۋالىنىشقا ئەۋەتىلگەن.

1951 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى، 39 ـ جۈن ئارقا سەپ بۆلۈمىنىڭ سىياسىي كومىسسارى لى جېنشەن ئالدىنقى سەپتە ئاغرىپ قالغان، ئارمىيە چيۇ شىچىڭنىڭ دەرھال ئالدىنقى سەپكە بېرىپ لى جېنشەننىڭ خىزمىتىنى ئۆتكۈزۈۋېلىشىنى قارار قىلغان. 3 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى، ئۇ ئاپتوموبىلغا ئولتۇرۇپ چاۋشيەننىڭ جاۋيياڭ دەرياسى بويىغا كەلگەندە، تۇيۇقسىز دۈشمەن ئايروپىلانىنىڭ شىددەتلىك بومباردىمان قىلىشىغا ئۇچرىغان، دۈشمەن ئايروپىلانىدىن ئۆزىنى قاچۇرۇش ئۈچۈن، چيۇ شىچىڭ شوپۇرغا سۈرئەتنى تېزلىتىپ ئىلگىرىلەش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈرگەن، يولدا شوپۇرغا ئوق تېگىپ قۇربان بولغان، ئاپتوموبىل كونتروللۇقنى يوقىتىپ مىنا رايونىغا كىرىپ كېتىپ، مىناغا دەسسەپ پارتلاپ كەتكەن، چيۇ شىچىڭ بەختكە قارشى قۇربان بولغان.

جياڭشى رۈيجىن شەھەر ئاھالىسى ۋاڭ بىن ئىنقىلابىي قۇربانىنىڭ ئىش ئىزلىرىنى كۆرگەندىن كېيىن چوڭقۇر تەسىرلەنگەن ھالدا مۇنداق دېدى: «بۇ ئەڭ سۆيۈملۈك كىشىلەر بىزنىڭ خاتىرجەملىك ۋە تىنچلىقىمىزنى ساقلاپ قالدى، ئۇلارنىڭ ‹ئېغىر يۈكنى كۆتۈرۈپ ئالغا ئىلگىرىلىشى› بىزگە تىنچ يىللارنى ئاتا قىلدى».

مەركىزىي كومىتېت تەشۋىقات بۆلۈمى، مائارىپ مىنىستىرلىقى

# 2019 ـ يىللىق «ئەڭ گۈزەل ئالىي مەكتەپ يېتەكچىسى» «ئەڭ گۈزەل ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى»لىرىنىڭ ئىلغار ئىش ئىزلىرىنى بىرلىشىپ ئېلان قىلدى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 6 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى تېلېگراممىسى** شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسى ۋە باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مائارىپ توغرىسىدىكى مۇھىم بايانلىرىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئالىي مەكتەپ يېتەكچىلىرى ۋە ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ كۆرەش قىلىش روھىنى تولۇق نامايان قىلىش ئۈچۈن، مەركىزىي كومىتېت تەشۋىقات بۆلۈمى، مائارىپ مىنىستىرلىقى يېقىندا 2019 ـ يىللىق «ئەڭ گۈزەل ئالىي مەكتەپ يېتەكچىسى» «ئەڭ گۈزەل ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى»لىرىنىڭ ئىلغار ئىش ئىزلىرىنى بىرلىشىپ ئېلان قىلدى.

ئىگىلىنىشىچە، مائارىپ مىنىستىرلىقى ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ 11 نۆۋەتلىك «ئالىي مەكتەپ يېتەكچىسى بويىچە يىللىق شەخس» ۋە 14 نۆۋەتلىك «ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى بويىچە يىللىق شەخس»نى كۆرستىش، باھالاش، تونۇشتۇرۇش پائالىيىتى ئۆتكۈزگەن. 2019 ـ يىلى، مەركىزىي كومىتېت تەشۋىقات بۆلۈمى، مائارىپ مىنىستىرلىقى ئىلگىرىكى نۆۋەتلىكلەردە باھالانغان، ھازىر ئىش ئورنىدا بار ئالىي مەكتەپ يېتەكچىسى بويىچە يىللىق شەخسلەر ۋە ئىلگىرىكى نۆۋەتلىكلەردە باھالانغان، ھازىر ئوقۇۋاتقان ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى بويىچە يىللىق شەخسلەر ئىچىدىن ئون نەپەر ئالىي مەكتەپ يېتەكچىسى ۋە ئون نەپەر ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسنى تاللاپ، تۇنجى قېتىم «ئەڭ گۈزەل شەخس»لەر قاتارىغا كىرگۈزۈپ، يېڭى دەۋردىكى يېتەكچىلەر ۋە ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئۆگىنىش ئۈلگىسىنى تىكلىدى.

ۋاڭ يۈفېن، تۇرسۇنمەمەت ئەمەتجان، رېن ياسەي، لى رۈي، ۋاڭ يۈشېن، جاڭ جىنشۇ، چېن شياۋخۇا، فەن رۈي، يۈەن لى، شۇ يېچيۇڭدىن ئىبارەت ئون نەپەر ئالىي مەكتەپ يېتەكچىسى، يۈ جېپىڭ، ما تيەنچېن، ۋاڭ شاۋشىن، لۇ سۈك، ليۇ مىن، ليۇ چياڭ، ليۇ يى، لى ئېرياڭ، ئاسقار نۇرتاي، خۇاڭ يىڭدىن ئىبارەت ئون نەپەر ئوقۇۋاتقان ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا 2019 ـ يىللىق «ئەڭ گۈزەل ئالىي مەكتەپ يېتەكچىسى» ۋە «ئەڭ گۈزەل ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى» بولۇپ باھالاندى.

ئېلان قىلىش مۇراسىمى مەركىزىي رادىيو ـ تېلېۋىزىيە باش ئىستانسىسىدا ئۆتكۈزۈلدى، نەق مەيداندا «ئەڭ گۈزەل ئالىي مەكتەپ يېتەكچىسى» «ئەڭ گۈزەل ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى»لىرىنىڭ ئىلغار ئىش ئىزلىرى تونۇشتۇرۇلدى، كۆرستىلدى، مەركىزىي كومىتېت تەشۋىقات بۆلۈمى، مائارىپ مىنىستىرلىقىدىكى مەسئۇل يولداشلار ئۇلارغا ئالاقىدار گۇۋاھنامە تارقىتىپ بەردى.

ئېلان قىلىش مۇراسىمغا قاتناشقان تاماشىبىنلار مۇنداق بىلدۈردى: «ئەڭ گۈزەل ئالىي مەكتەپ يېتەكچىسى» «ئەڭ گۈزەل ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى»لىرىنىڭ ئىش ئىزلىرىدا، ئالىي مەكتەپ يېتەكچىلىرىنىڭ سىياسىي پەزىلىتى، كەسپىي قەدىرلەش روھى، ئەخلاق ـ پەزىلىتى ھەمدە زامانىمىزدىكى ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ مۇستەھكەم ئېتىقادى، ۋەتەننى سۆيۈش ھېسسىياتى، كۆرەش قىلىش روھى نامايان قىلىنغان بولۇپ، مۇقەررەركى، ئالىي مەكتەپ يېتەكچىلىرىنى پارتىيە ئۈچۈن ئادەم تەربىيەلەش، دۆلەت ئۈچۈن ئىختىساسلىقلارنى يېتىشتۈرۈش بۇرچى، مەسئۇلىيىتىنى تېخىمۇ ياخشى زىممىسىگە ئېلىشقا رىغبەتلەندۈرىدۇ، شۇنداقلا يېڭى دەۋردىكى ياش ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىمۇ تېخىمۇ كۆتۈرەڭگۈ روھ بىلەن يول ئېچىپ يېڭىلىق يارىتىش، جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەشكە ئىلھاملاندۇرىدۇ.

(بېشى 1 ـ بەتتە)

خوتەندىن ئوتتۇرا، شەرقىي قىسىم رايونلاردىكى شەھەرلەرگە بىۋاستە ئۇچىدىغان كۆپلىگەن ئاۋىياتسىيە لىنىيەلىرىنى ئۇدا ئېچىپ، «ئاسماندىكى نامراتلارنى يۆلەش يولى» تەسىس قىلىپ، خوتەننىڭ تېخىمۇ كۆپ خاس مەھسۇلاتلىرىنى بىرىنچى ۋاقىتتا ئوتتۇرا، شەرقىي قىسىمدىكى شەھەرلەرگە ئايروپىلان بىلەن توشۇدى.

بۇ يىل 3 ـ ئايدا، جەنۇب ئاۋىياتسىيەسى خوتەندىن گۇاڭجوۋ، چېڭدۇ، جېڭجوۋغا بىۋاستە ئۇچىدىغان يېڭى ئاۋىياتسىيە لىنىيەسىنى ئاچتى، خوتەندىن يولغا چىقىدىغان قاتناش نۇقتىسى توققۇزغا كۆپەيتىلىپ، ھەر ھەپتىدە قاتنايدىغان نۆۋەتچى ئايروپىلان 70كە يەتتى. نۆۋەتتە، خوتەننى باشلىنىش نۇقتىسى قىلىپ، غەربىي شىمال، شىمالىي جۇڭگو، ئوتتۇرا جۇڭگو، غەربىي جەنۇب، جەنۇبىي جۇڭگودىن ئىبارەت بەش چوڭ تەۋەلىكنى قاپلىغان ئاۋىياتسىيە لىنىيەسى تورىنى ئورۇنلاشتۇرۇش دەسلەپكى قەدەمدە شەكىللەندى. سانلىق مەلۇماتلاردا كۆرسىتىلىشىچە، 2018 ـ يىلى جەنۇب ئاۋىياتسىيەسىنىڭ خوتەندە توشۇغان يولۇچى سانى 590 مىڭ ئادەم قېتىمغا يېتىپ، ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 24% ئاشقان؛ توشۇلغان پوچتا مېلى 629 تونىغا يېتىپ، ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 36% ئاشقان. بۇ يىل تېخىمۇ كۆپ ترانسپورت كۈچى ۋە ئاۋىياتسىيە سېلىنمىسىنىڭ خوتەن بازىرىغا كىرىشىگە ئەگىشىپ، شىنجاڭغا كەسىپ ئارقىلىق نىشانلىق ياردەم بېرىش ۋە ئىستېمال ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەشكە تېخىمۇ كەڭ ئەلا سۈپەتلىك بازار ئېچىلغان.

خاس يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى سىرتقا چىقىرىشقا ھەمدەم بولۇش بىلەن بىللە، «ئاسماندىكى نامراتلارنى يۆلەش يولى» ۋاستىسى ئارقىلىق جەنۇب ئاۋىياتسىيەسى ئالاقىدار كەسىپلەرنى خوتەن ۋىلايىتىگە پائال كىرگۈزدى.

نىشانلىق ياردەم بېرىلىۋاتقان گۇما ناھىيەسىدىكى توققۇز كەنتتە، جەنۇب ئاۋىياتسىيەسى شىنجاڭ شۆبە شىركىتى ئاۋىياتسىيە بۇيۇملىرىنى سېتىۋېلىپ سودىگەر جەلپ قىلىپ زاۋۇت قۇرۇش، كەنتكە مەبلەغ جەلپ قىلىش ئارقىلىق، «ئاۋىياتسىيە يېتەكچى بولۇش، كەسپلەر تۈرتكە بولۇش، مائارىپنىڭ ئاساسىنى پۇختىلاش، غەمخورلۇق قىلىش، قۇتقۇزۇش ـ ياردەم بېرىش، نامراتلارنى پاك يۆلەش»تەك نامراتلارنى يۆلەش خاس ئەندىزىسىنىڭ ئەمەلىيلىشىشىگە پائال تۈرتكە بولۇپ، شۇ جايدىكى 11 مىڭغا يېقىن كەنت ئاھالىسىنى يېڭىلىق يارىتىپ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇش يولىدا مېڭىشقا يېتەكلىدى. قاراقاش ناھىيەسىدە، 2018 ـ يىلى جەنۇب ئاۋىياتسىيەسى ئالتە كارخانىنى كىرگۈزۈپ، تۈرلۈك مەبلەغدىن 230 مىليون يۈەننى كىرگۈزۈپ، 1800گە يېقىن ئادەمنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇشىغا بىۋاستە تۈرتكە بولدى، 700دىن ئارتۇق نامرات ئاھالىنىڭ يۆتكىلىپ ئىشقا ئورۇنلىشىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇشىغا ياردەم بەردى. ئىشلەپچىقىرىش بىلەن سېتىشنى ئۇدۇللاشتۇرۇش ئارقىلىق، جەنۇب ئاۋىياتسىيەسى شىنجاڭ شۆبە شىركىتى گۇما ناھىيەسىنىڭ ئۆرۈكى، قاراقاش ناھىيەسىنىڭ ئۈزۈمى قاتارلىق 850 مىڭ يۈەنلىك يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى بىۋاستە سېتىۋالدى، ئىككى ناھىيەنىڭ ياڭاق، چىلان، شۆجۈ قاتارلىق 1 مىليون 400 مىڭ يۈەنلىكتىن ئارتۇق يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى سېتىشقا ياردەم بەردى.

يېقىنقى بەش يىلدا، جەنۇب ئاۋىياتسىيەسى خوتەن ۋىلايىتىدە جەمئىي 40 مىليون 900 مىڭ يۈەن نامراتلارنى يۆلەش مەبلىغى سېلىپ، 170 مىليون يۈەنگە يېقىن تۈرلۈك مەبلەغنى كىرگۈزۈپ، ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ، ئۈرۈمچى ـ ئاقسۇ ـ خوتەن، ئاقسۇ ـ خوتەن ـ قەشقەر قاتارلىق شىنجاڭ ئىچىدە ئۇلانما ئۇچۇش لىنىيەسىنى ئاچتى ھەمدە خوتەندىن تيەنجىن، شىئەن، گۇاڭجوۋ، جېڭجوۋ، چېڭدۇ قاتارلىق شەھەرلەرگە بىۋاستە ئۇچىدىغان شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش ھاۋا لىنىيەسىنى ئاچتى، ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى 47 مىڭدىن ئارتۇق نامراتلارنى يۆلەش كادىرى، ئىشچى ـ خىزمەتچىسىگە «جەنۇب ئاۋىياتسىيەسى مىڭجۇ شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش كارتىسى» بېجىرىپ بەردى، «ئاسماندىكى نامراتلارنى يۆلەش تېز يولى» قۇردى.

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى ياڭزىجياڭ كوچىسى 1 ـ نومۇر. ئېلان باشقارمىسى: 5850783، تارقىتىش مەركىزى: 5859769، تېلېگراف نومۇرى: 5028. پوچتا نومۇرى: 830051. گېزىتنىڭ يىللىق باھاسى: 336 يۈەن، ئايلىق باھاسى: 28 يۈەن، پارچە باھاسى: بىر يۈەن (گېزىتنىڭ تىزىملاش نومۇرى: 102)